رەسملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللرى (12)







# تۆت دوست

تەييارلغۇچى:ھەببە ئۇيغۇر







بىدنى تويغىچە يەپ،
قورسقىنى تازا كۆپتۈرۈۋالغان
بىر ئېشەك ئەسكى تاملىقتىكى
كۆلدە راسا ئېغىناپ، ئاپتاپقا
قاقلىنىپ يېتىپتۇ.



بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە «بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟» دېگەن ئوي كەپتۇ. نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ. ئاخىرى ھېچقانداق نېمىنىڭ ئېشەكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تاپالماپتۇ.



ئېشەك ئۆز-ئۆزىدىن رەنجىپ:
«توختا، مەن بۇ دۇنيادا بىر
ياخشىلىق قىلىپ نامىمنى
چىقىراي» دەپ ئويلاپتۇ- دە،
ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشىلىق
ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.



مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە
بارغاندا بىر قوچقار يولۇقۇپتۇ.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئېشەك
ئاكا! سەپەر قاياققا؟_دەپ
سوراپتۇ قوچقار.

يولنى خېلى مېڭىپ زېرىككەن ئېشەك توختاپ تۇرمايلا:

ـ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم قوچقار،ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئۆزۈڭ مايسىلىرى چىرايلىق تەرەپتىن كېلىۋېتىپسەن، غېمىڭ يوق ئوخشايدۇ؟_ دەپتۇ.





ـ  سىزدىچۇ؟_ دەپ سوراپتۇ قوچقار.

ـ مەندىمۇ غەم يوق، لېكىن ئاتا _
بوۋىلىرىمىز تۇغۇلغانلار ئۆلىدۇ،
بەلگىسىز بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما

بىر ياخشىلىق ئۆلمەي مەڭگۈ قالىدۇ»
دەپتىكەن...





... شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈمدە بىر
ياخشىلىق قىلىپ نام قالدۇراي، دېگەن
نىيەت بىلەن ياخشىلىق ئىزدەپ
كېتىۋاتىمەن،_ دەپتۇ ئېشەك.



يالغۇز قېلىپ زېرىككەن قوچقارغا بۇ سۆز ناھايىتى يېقىپ كېتىپتۇ _ دە:

ـ سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىزگە مەنمۇ ھەمرا بولسام،_ دەپتۇ.

ـ بولدۇ لېكىن ئوزۇغۇڭنى قانداق قىلسەن؟

ـ مېنىڭ ئوزۇغۇم قەيەرگە بارسام تېپىلىدۇ،_ دەپتۇ قوشقار.





بۇ ئككى دوست يولغا چۉشۉپتۇ. بۇلارغا يولدا بر خوراز، بر كرپه قوشۇلۇپتۇ.







بۇ تۆت دوست بىر كۈنى چۆلدە كېتىپ بارسا ئالدىدىن ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ چىقىپ قاپتۇ. بۆرىنى كۆرۈپ بۇلارنىڭ قورققىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ.



ـ سلەر يوشۇرۇنۇڭلار، ـ دەپتۇ ئېشەك دوستلىرىغا ۋە ئۆزى يولدا تۇرۇپتۇ.



قوچقار بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپتۇ، خوراز بىر دەرەخنىڭ شېخىغا چىقىۋاپتۇ، كىرپە بولسا بىر تۆشۈككە كىرىپ مۆكۈپتۇ.





ھېلىقى ئاچكۆز بۆرە ئۇدۇللا
ئېشەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختاپ:

ـ نەگە ماڭدىڭلار، ئېشەك؟
ـ دەپ سوراپتۇ.
ـ سەپەرگە.



ـ بالدۇرراق چىقساڭلارچۇ بۇ سەپەرگە، سىلەرنىڭ كېچىكىشىڭلار مېنى بەك قىينىۋەتتى، سىلەر ئۇچرىمساڭلار بۈگۈن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتىم.

هېلموُ ياخشى، سلەرنى «خوُدا» يەتكوٰزدى، ـ دەپ
خوشال بولوُپ كېتپتوُ بۆره.



ئېشەك بىچارە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.



ـ قېنى سىلەر تۆت ئىكەنسىلەر، ئاۋۋال بىرنى چىقىرىپ بەرگىن، بىر ـ بىردىن يەي، ـ دەپتۇ بۆرە.





ئىلاجسىز قالغان ئېشەك بىر تەرەپتىن قورقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەيرەتلىنىپ:

- بوپتۇ، ئاۋۋال مېنى يەڭ، لېكىن تولا قورقۇتماستىن يەڭ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن
ئارقامنى قىلىپ،
پۇتۇمنى كېرىپ
بېرىمەن،شۇ تەرەپتىن
كېلىپ، قورسىقىمنى
يېرىپ يەڭ،_ دەپتۇ.



بۇنى ئاڭلغان بۆرە ئشقلىپ يسەم بولدۇغۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

ـ قېنى، قانداق تۇرۇپ بېرسەن؟ تۇرە، چاپسان! ـ دەپتۇ.





ئېشەك ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئارقا پۇتىنى كېرىپ بېرىپتۇ.

بۆرە كېلىپ ئىككى پۇتىنىڭ
ئارىسىدىن كېلىپ چىشلەي
دېگەن ئىكەن، ئېشەك
بۆرىنىڭ بوينىنى مەھكەم
قىسىۋېلىپ قاتتىق ھاڭراشقا
باشلاپتۇ.





قوچقار يۈگۈرۈپ كېلىپ بۆرىنىڭ بېقىنلىرىغا ئۈسكىلى تۇرۇپتۇ.

دەرەخكە چىقىۋالغان

خوراز «قى - قى قىق،

قى - قى قىق! تاياقنىڭ

ئۇزۇننى كېسەيمۇ،

قىسقىسىنىمۇ،

يوغىنىنىمۇ -

ئىنچىكىسىنىمۇ؟» دەپ

شاختىن شاخقا

سەكرەپتۇ.



كىرپە بولسا، تۆشۈكتە تۇرۇپ:

- مانا ھازىر چىقىمەن، بىخ
- بىخ! مانا ھازىر چىقىمەن،
بىخ - بىخ! ھازىر چىقىپلا
يامان قىلىمەن، تېرەڭنى
تاسما، گۆشۈڭنى ئاسما
قىلىمەن، بۇنى قويۇپ بەرمە،
چىڭ تۇت! _ دەپ ۋارقىراپ
بېرىپتۇ.





ئېشەكنىڭ قىسسىشى، قوشقارنىڭ ئۈسۈشى، خوراز بىلەن كىرپىنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن ئەرۋايى ئۇچقان بۆرە ئاران قۇتۇلۇپ، بىر پۇتىنى سۆرەپ، تىلىنى چىقىرىپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىپ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي قېچىپتۇ.





بۆرىدىن ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ تۆت دوست: «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ياخشىسى بىرلىك ئىكەن. بىز ئەمدى ئايرىلماس دوستلاردىن بولايلى!» _ دېيىشىپ، باشقىدىن چىن دوست بولۇشۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن ئىكەن.





بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com